# ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالدى بىلەن، رەئىس شۆھرەت زاكىرنى تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىمىز.

**شۆھرەت زاكىر:** رەھمەت. خانىملار، ئەپەندىلەر، ئاخبارات تاراتقۇلىرىدىكى دوستلار، ياخشىمۇسىلەر. بۇ يەردە ھەرقايسى تاراتقۇلاردىكى دوستلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. ئۇزاقتىن بۇيان، ھەرقايسىڭلار شىنجاڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدۈڭلار، زور كۈچ بىلەن قوللىدىڭلار. بۇ يەردە، مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر يالتىراق مەرۋايىت، «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزدى، مەركەز مالىيەسى ھەر يىلى شىنجاڭغا 400 مىليارد يۈەنگە يېقىن يۆتكىمە چىقىم قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە، ھەر يىلى شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتتى.

شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تىنچ ـ خاتىرجەملىكى تەستە قولغا كەلگەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى ئېغىر دەپسەندە قىلىندى. بىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردۇق، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدۇق. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

بىز ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىك نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سېجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدۇق. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5% ئېشىپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم 8.2%، 8.4% ئاشتى. 2018 ـ يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچى 150 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.1% ئاشتى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.6% ئاشتى.

بىز باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈردۇق. بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت كاپالىتى سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردۇق. بىز نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۈچىنى توپلاپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلدۇق. 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، جەمئىي 2 مىليون 385 مىڭ 300 نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2014 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى 22.84%تىن 6.51%كە تۆۋەنلىدى.

بىز مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقى ۋە ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردۇق. شىنجاڭدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىنى بىردەك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالدى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئوبلاست باشلىقلىقى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىنى بىردەك رايون ئاپتونومىيەسىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئالدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋىلايەت (شەھەر)نىڭ ۋالىيسى(شەھەر باشلىقى)لىقنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالدى، ناھىيە (شەھەر، رايون)نىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ باش مەسئۇللۇق ۋەزىپىنى ئادەتتە بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ئۈستىگە ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 62.1% نى ئىگىلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 46.7%نى ئىگىلىدى. بىز قانۇن بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇن بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردۇق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە، تور قاتارلىق ساھەلەردە ھەممە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلدى. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشقا يېتەكلىدۇق.

بىز دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدىكى «پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاش سىياسىي ھەم ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇق. قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنلىرىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىدۇق. بىز دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتلىرىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، دىنىي زاتلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇردۇق.

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. بىزنىڭ شىنجاڭدا قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىمىز دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت، جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراشنى چۆرۈپ تاشلىشى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم» قوللانماسلىقى كېرەك، بۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىسىدا تۇرۇش، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قارشىسىدا تۇرۇش، ئىنسانىي ئەخلاق ـ ھەققانىيەت ۋە ۋىجداننىڭ قارشىسىدا تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ.

مەن مۇشۇنچىلىك تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. رەھمەت!

**خۇ كەيخۇڭ:** رەئىس شۆھرەت زاكىرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا رەھمەت. ھازىردىن باشلاپ سوئال سورىساڭلار بولىدۇ، سوئال سوراشتىن ئىلگىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاخبارات ئورگىنىنىڭ نامىنى مەلۇم قىلىپ قويغان بولساڭلار.

**مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرى:** بايا، رەئىس شۆھرەت زاكىر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. شۇنى سوراپ باقسام، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق پايدىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا قانداق كونكرېت گەۋدىلەندى؟

**شۆھرەت زاكىر:** سوئال سورىغىنىڭىزغا رەھمەت، بۇ مەسىلىگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىيازنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**ئەركىن تۇنىياز:** بۇ مۇخبىر دوستنىڭ سوئال سورىغىنىغا رەھمەت. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە ئايان، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسى بىر مۇقىم خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى مۇھىتىغا موھتاج، مۇقىملىق تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى، تەرەققىيات مۇقىملىقنىڭ ئاساسى ۋە تىرىكى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ئىلگىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۆزۈلمەي يۈزبېرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ياماراپ، جەمئىيەت داۋالغۇپ، ئەنسىزلىشىپ، تەرەققىياتتىن قىلچىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، ھەتتا قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات نەتىجىلىرىمۇ قولدىن كېتەتتى. ھازىر جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى، مۇقىملىق پايدىسى سېجىل قويۇپ بېرىلدى. 2017 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تۇنجى قېتىم 1 تىرىليون يۈەندىن ئېشىپ، 1 تىرىليون 92 مىليارد 9 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.6% ئاشتى؛ شەھەر ـ بازارلار، يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 30 مىڭ 775 يۈەن، 11 مىڭ 45 يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8.1%، 8.5% ئاشتى. 2018 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، 1 تىرىليون 219 مىليارد 908 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.1% ئاشتى؛ شەھەر ـ بازارلار، يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 32 مىڭ 764 يۈەن، 11 مىڭ 975 يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6.5%، 8.4% ئاشتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى، شەھەر ـ بازارلار، يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5.6%، 9.5% ئاشتى. بولۇپمۇ ساياھەتچىلىك مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ «باروبېتر»ى بولۇش سۈپىتى بىلەن «شىددەت بىلەن» تەرەققىي قىلدى، 2017 ـ يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى تۇنجى قېتىم 100 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، 107 مىليون ئادەم قېتىمغا يەتتى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 182 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئېشىش سۈرئىتى بىردەك 30%تىن ئاشتى؛ 2018 ـ يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن، ساياھەتچىلىك كىرىمى 257 مىليارد 971 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بىردەك 40%تىن ئاشتى؛ بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن، ساياھەتچىلىك كىرىمى 300 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن بىردەك 40%تىن كۆپرەك ئاشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق «مۇقىملىق بەخت، مالىمانچىلىق ئاپەت» ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلق شىنجاڭنىڭ سېجىل مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقلايدۇ، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەرقانداق كۈچنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەتئىي ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىگە كاشىلا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ھوقۇقىمۇ يوق. رەھمەت.

**ئىقتىساد گېزىتى مۇخبىرى:** بايا رەئىس شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى خامچوت چىقىمىدىكى نىسبەتنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. مەن سورىماقچى بولغان مەسىلە شۇكى، شىنجاڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە قانداق كونكرېت ئىجادىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پۇقرالارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان، كېسەل كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** رەھمەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈردى، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈردى. ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%نى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان توققۇز تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سېجىل ئالغا سىلجىتتى. بۇ، بىزنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشىمىزدىكى گەۋدىلىك مۇھىم نۇقتا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ھەممىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلىش كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى تۇتتۇق، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردۇق، بولۇپمۇ ئېغىر نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنى ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇردۇق ھەم ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدۇق، ھەممە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ھەربىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

مائارىپ جەھەتتە، بىز مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ ھەر بىر بالىنى مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان، ياخشى ئوقۇيالايدىغان قىلدۇق.

داۋالاش جەھەتتە، بىز ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، 133 مىڭ تۇبېركۇليوز ئاغرىقىنى داۋالاپ ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى كۈچەپ ھەل قىلدۇق، 56 مىڭ 900دىن ئارتۇق ئاغرىقنى داۋالاپ ساقايتتۇق. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان سۇغۇرتىسى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

جەمئىيەت كاپالىتى جەھەتتە، بىز ئومۇمىي خەلق سۇغۇرتىغا قاتنىشىش پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىسىدىن بىرتۇتاش پىلانلاشنى باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن جەمئىيەت سۇغۇرتا ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئۆلكە ھالقىپ باشقا جايدا داۋالىنىش ۋە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسىنى بىر تالون شەكلىدە بىۋاستە راسچوت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

ماكانلاشتۇرۇش جەھەتتە، يەنى تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە، بۇ يىل بىز يېزىلاردا 212 مىڭ 700 ئائىلىلىك ئەمىن ئۆي سالدۇق، شەھەر ـ بازارلاردىكى كەپە ئۆي رايونىنى ئۆزگەرتىپ 154 مىڭ 900 يۈرۈش ئۆيدە ئىش باشلاپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ بولدۇق ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدۇق.

بۇ بىزنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش جەھەتتىكى بىر قىسىم كونكرېت تەدبىرلىرىمىز. رەھمەت.

**جۇڭگو ـ ئەرەب سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى مۇخبىرى:** ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى يېقىندا «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ مۇخبىرنىڭ سورىغان سوئالىغا رەھمەت. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناق ـ مۇقىم، گۈللەنگەن ـ تەرەققىي قىلغان، ھەر مىللەت ئاممىا خاتىرجەم ياشايدىغان رېئاللىققا پىسەنت قىلماي، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت قانۇنىنىڭ ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بىز بۇنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى دەپ قارايمىز. بۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم، بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى ۋە ۋەقەسى يۈزبېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە زور سومىلىق مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپچىلىككە بىر بۆلەك قىسقا فىلىم قويۇپ بەرمەكچى.

بۇ سىن ئارقىلىق، مەن كۆپچىلىكنىڭ ئەينى چاغدا شىنجاڭدا يۈزبەرگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ھەم ئۇ پەيدا قىلغان ئېغىر خەۋپكە قارىتا بىۋاسىتە چۈشەنچىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇنداق ھالەت ۋە ۋەزىيەتكە قارىتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمىز زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى پائالىيەتلىرىگە قەتئىي زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى تېررورىزمنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، ئامېرىكا قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى، ھازىر شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ئامېرىكا ئەكسىچە بۇنىڭدىن ئەنسىزلىنىپ، شىنجاڭغا قارا چاپلىدى، ھۇجۇم قىلدى ھەم «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئارازچىلىق سېلىۋاتىدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇۋاتىدۇ، بۇنى «رەزىل نىيىتى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان دۇر» دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمەنكى، شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق ئىغۋا تارقىتىشى، تۆھمەت قىلىشى ۋە بوھتان چاپلىشى شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش رېئاللىقىنى بوغۇپ قويالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش مۇساپىسىگە تېخىمۇ كاشىلا قىلالمايدۇ. رەھمەت.

**ئاۋمېن گېزىتى مۇخبىرى:** سوراپ باقسام، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنىڭ قانۇنىي ئاساسى نېمە، قانداق نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ مەسىلىگە بىزنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۆ خەيرۇڭنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

**شۆ خەيرۇڭ:** شىنجاڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىدىن پائال پايدىلىنىپ، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇردى. بىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساسىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»دۇر. بۇ ئۈچ قانۇن ـ نىزامغا ئاساسەن، بىز مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى باشقۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە ئوقۇتۇش كۆچىنى تەقسىملەپ، قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە «ئۆچى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» دەرسلىكى تەسىس قىلىپ، قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە ئوقۇتۇش سىستېمىسى ئورنىتىپ، قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. پۈتكۈل تەربىيەلەش خىزمىتىدە ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ئەڭ زور چەكنى ئىشقا ئاشۇردۇق،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)